# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 7 - ئاي

16

پەيشەنبە

维吾尔文 7 月16 日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65—0002/—W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25124 - سان بۈگۈن 4 بەت


## شىنجاڭدىكى تۇنجى ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق قۇرۇلۇش
## يەتكۈزگەن توك مىقدارى جەمئىي 200 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر دۇ گاڭ)** شىنجاڭدىكى تۇنجى ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق قۇرۇلۇش بولۇش سۈپىتى بىلەن، قومۇلنىڭ جەنۇبى - جېڭجوۋ ±800 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى 2014 - يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە، سىرتقا جەمئىي يەتكۈزگەن توك مىقدارى 200 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئېشىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئېكولوگىيە ئۈنۈمىنى تەڭ ھازىرلاپ، دۆلىتىمىزنىڭ «غەربنىڭ توكىنى شەرققە يەتكۈزۈش» ئېنېرگىيە ئىستراتېگىيەسىنىڭ مۇھىم قىسمىغا ئايلاندى.

شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى سودا مەركىزى چەكلىك شىركىتى سودا بۆلۈمىنىڭ مەخسۇس مەسئۇلى جاڭ جۈن 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مۇخبىرلارنى تونۇشتۇردى: جېڭجوۋ شەھىرىنىڭ 2019 - يىللىق توك ئىشلىتىش مىقدارىنى 56 مىليارد 460 مىليون كىلوۋات سائەت بويىچە ھېسابلىغاندا،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى** 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى نەشر قىلىنىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 14 - سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى» ناملىق مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى، پارتىيە ئەڭ ئالىي سىياسىي رەھبەرلىك كۈچى. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە پەن - مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ھەر تەرەپ، ھەر ساھەلەردە پارتىيە ھەممىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈپ ئاساسى، جان تومۇرى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتى، بەختى. جۇڭگودا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلىكى جۇڭگو، جۇڭگو خەلقى، جۇڭخۇا مىللىتى ئۈچۈن بىر زور بەخت. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان بۇ مۇھىم، زور پرىنسىپال مەسىلىدە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت جەزمەن يۈكسەك ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ساقلىشى كېرەك، قىلچە تەۋرىنىشكە بولمايدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپ جاي ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرىنى يېزىلارغا كىرگۈزۈش بويىچە
### دۆلەت دەرىجىلىك ئۈنىۋېرسال ئۈلگە كۆرسىتىدىغان ناھىيەلەر قاتارىغا تاللاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خېيى خۇڭۋېي**، ئىختىيارىي مۇخبىر **لىن خەيمىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، سودا مىنىستىرلىقى 2020 - يىللىق ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرىنى يېزىلارغا كىرگۈزۈش بويىچە ئۈنىۋېرسال ئۈلگە كۆرسىتىدىغان ناھىيەلەر تىزىملىكى (1 - تۈركۈم)نى ئېلان قىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىن قاغىلىق ناھىيەسى، خوتەن ۋىلايىتى (پۈتۈن گەۋدە بويىچە ئالغا سىلجىتىلدى)، توقسۇ ناھىيەسى، بۈرچىن ناھىيەسى، كۈچۈك ناھىيەسى ۋە كۈنەس ناھىيەسى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاللاندى. ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرىنى يېزىلارغا كىرگۈزۈش بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك ئۈنىۋېرسال ئۈلگە كۆرسىتىدىغان ناھىيە 51گە يەتتى.

مالىيە مىنىستىرلىقى قاتارلىق ئۈچ تارماق يەنە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلارنى قەرز پۇل ئۆسۈم ياردىمى بېرىش، سېتىۋېلىش مۇلازىمىتى، تولۇقلىما ئورنىغا مۇكاپات بېرىش قاتارلىق قوللاش ئۇسۇللىرىنى ئالدىن قوللىنىپ، مەبلەغ سۈرئىتىنى مۇۋاپىق تېزلىتىپ، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، مەركەز مالىيەسىنىڭ مەبلەغى ئارقىلىق جەمئىيەت كاپىتالىنى يېتەكلەپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

### يەتتە مو كۆكتاتلىق ئاكا - ئۇكا مېھرىگە گۇۋاھ بولدى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ، ئىختىيارىي مۇخبىر شەھىدە**

«ئۆيى ئىچى ياخشىمۇ، ياردەملىشىدىغان ئىش بولسا ھايت دەڭ.» 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بورتالا شەھىرى چىندېل بازىرى توغىسىنبۇخ شەرقىي كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابلەت خۇدەيدەيمۇ كۆكتاتلىقىقا كېلىپ، ياخشى ئۇكىسى ۋاڭ فۇشېڭ بىلەن پاراڭلاشتى.

«بولدۇ، بولدۇ، بولدۇ، قىيىنچىلىق بولسا سىزنى ئىزدەيمەن» ۋاڭ فۇشېڭ كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

كۆكتاتلىق يېشىللىققا پۈركەنگەن بولۇپ، يېشىل، تولغان دوۋجاۋلار پىلەك تارتىپ تۇراتتى، لازىلىقتىكى قىلىن ئەتلىك يېشىل لازىلار قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ ياپيېشىل كۆرۈنەتتى...

«بۇ كۆكتاتلار پىشقاندا، قانداق كۆكتات يېگۈڭىز بولسا ھەر ۋاقىت كېلىپ ئۈزۈۋالسىڭىز بولىدۇ، ھەرگىز خىجىل بولماڭ» دېدى ۋاڭ فۇشېڭ ئابلەتكە. بۇ چاغدا، ئابلەت ئېڭىشكىنىچە يەردىكى ئوت - چۆپلەرنى ئوتاشقا باشلىغانىدى. بۇ كۆكتاتلىقتا ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ تەرى سىڭدى، شۇنداقلا ئۇ ئۇلارنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقىغا گۇۋاھ بولدى.

ھېكايىنى 1993 - يىلىدىن باشلاپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. 24 ياشلىق ۋاڭ فۇشېڭ خېنەندىن شىنجاڭغا ئاچىسىنى پاناھ تارتىپ كەلگەن، كېيىن بورتالا شەھىرىگە كېلىپ، پارچە - پۇرات ئىش قىلىش، مېۋە - چېۋە سېتىشقا تايىنىپ كۈن كەچۈرگەن، كۈنلىرى ناھايىتى جاپالىق ئۆتكەن.

«ۋاڭ فۇشېڭنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن ۋاقتىم 1997 - يىلى ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇ دائىم بازاردا ئالما ساتاتتى، ھەر قېتىم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئالما سېتىۋالسام، ئۇ ماڭا بىرنەچچىنى ئارتۇق بېرىپ، ئۆيدىكى بالىڭىزغا بېرىڭ دەيتتى، مەن بۇ ئۇكامنى سەممىي ئادەم ئىكەن، دەپ ھېس قىلغانىدىم.» ئابلەت مۇنداق دېدى: «كېيىن ئۇ يەر ھۆددىگە ئېلىپ كېۋەز، كۆكتات تېرىدى، ئۆيۈمدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى بولغاچقا،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئايلىق كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى
### «تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش»نى چۆرىدەپ كېڭىشىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئايلىق كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، «تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش»نى چۆرىدەپ كېڭىشىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا يىراق مۇساپىلىك كېڭىشىش شەكلى قوللىنىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگىنىدا ئاساسىي يىغىن مەيدانى ۋە ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشتە شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى، شىنجاڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش كۆچمە سۇپىسىدا ماس قەدەمدە باش تېمىلىق ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش توپى قۇرۇلۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### لى پېڭشىن شىنجاڭ داشۆنىڭ يېڭى مەكتەپ رايونىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى
### «قوش ئالدىنقى قاتار» قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئادەم تەربىيەلەش بازىسى بەرپا قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن شىنجاڭ داشۆ يېڭى مەكتەپ رايونىنىڭ قۇرۇلۇش نەق مەيدانىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇتۇقلىرىنى مۇستەھكەملەش، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاۋ چۇنخۇا، گې يوۋجۈن، ۋاڭ جىن، لىۋ يىخەن، جاڭ ئاۋ**

ئاقئۆتكەل كەنتى:

## ياخشى كۈنلەر ئىشلەش ئارقىلىق يارىتىلغان

«ئوچۇق ئاسماننى تاڭ نۇرى يورۇتتى، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭغان پېشقەدەملەر، ئۆسمۈرلەر، ياشلار ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى...» 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، تاڭ نۇرى بۆرۈلتوقاي ناھىيەسىنىڭ كۆكئاغاش يېزىسى ئاقئۆتكەل كەنتىگە بىر قەۋەت ئالتۇن رەڭلىك ھەل بەردى، كەنت ئاھالىسى ئاسقار زاقان ساز چېلىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتى، ھەقىقىي تەسراتىغا ئاساسەن ئىجاد قىلغان «ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن» دېگەن ناخشىنى ئېيتتى، يېقىملىق ناخشا ساداسى يىراقلارغىچە تارالدى.

«كەنتىمىز ئىلگىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نامرات كەنت بولۇپ، ئۇل ئەسلىھە شارائىتى ناچار، ئاممىنىڭ ئىدىيەۋى قارىشى قالاق ئىدى. پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقىدا، بىز نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىپ، ئىككى قولىمىز بىلەن ياخشى كۈنلەرنى يارىتىپ، ياشاش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتتۇق، كۆپچىلىكنىڭ رەھمەت سۆزلىرىنى ئۈچ كېچە - كۈندۈز سۆزلەپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ» دېدى ئاسقار چىن ھېسسىياتى بىلەن.



6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئاقئۆتكەل كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئاينۇر قاماش توردا بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئارقىلىق قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ساتماقتا. بۇ يىلدىن بۇيان، بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئارقىلىق خاس مەززىلىك يېمەكلىكلەر ۋە قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى سېتىپ، ئاينۇرنىڭ ئائىلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 8000 يۈەنگە يەتتى. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جىن فوتوسى

**شياڭگۇ تېخى يىغىۋېلىنماي تورۇپلا، سودىگەرلەر زاكاز قىلىپ بولدى**

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، تاڭ ئەمدىلا يورۇشقا باشلىغان ۋاقىتتا كۆل دۈيسېنباي ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى ئالدىراشلا يۇيۇپ، بىر پارچە ناننى ئۇشتۇپلا ئېلىپ دەرھال ئۆيدىن چىقىپ، تېز - تېز قەدەم ئېلىپ، شياڭگۇ ئۆستۈرۈش پارنىكىغا قاراپ ماڭدى.

خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى ياردەم بېرىپ قۇرۇپ بەرگەن قۇراشتۇرما تولۇق كۆرۈنۈشلۈك قۇياش ئېنېرگىيەسىلىك تۆۋەن ئېنېرگىيە سەرپىياتلىق ئۈچ يېزا ئىگىلىك پارنىكىدا، دۈپدۈگىلەك شياڭگۇلار زەمبۇرۇغ تاياقچىسىنى قاپلىغانىدى. شياڭگۇ ئۆسۈش جەريانىدا خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىلمىگەچكە، ھەر كىلوگرامى 15 يۈەن بولسىمۇ تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. پارنىكتىكى بۇ تۈركۈمدىكى شياڭگۇلار تېخى يىغىۋېلىنماي تورۇپلا، ناھىيە بازىرىدىكى سودىگەرلەر زاكاز قىلىپ بولدى.

سكانېرلاپ سىنى كۆرۈڭ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

### دۇنيا پولات - تۆمۈر كەسپىدىكى تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىگە جەڭ ئېلان قىلىش

## 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر چەكلىك شىركىتىنىڭ ئوكسىگېن دومنا پېچىدا سانائەت سىنىقى باشلاندى



7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر چەكلىك شىركىتىنىڭ ئوكسىگېن دومنا پېچىغا ئوڭۇشلۇق ئوت يېقىلدى ھەم بىرىنچى باسقۇچلۇق سانائەت سىنىقى باشلاندى. □ ياۋ خەيشەن فوتوسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، باۋگاڭ گۇرۇھى شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر چەكلىك شىركىتىنىڭ ئوكسىگېن دومنا پېچىغا رەسمىي ئوت يېقىلدى ھەم بىرىنچى باسقۇچلۇق سانائەت سىنىقى باشلاندى.

ئوت يېقىش مۇراسىمىدا، 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر چەكلىك شىركىتىنىڭ ئوۋيې پېچىدىن ئېلىنغان چوغنى تۆمۈر تاۋلىغۇچىلارنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن، تەنتەنىلىك ھالدا ئوكسىگېن دومنا پېچى تەجرىبە كوللېكتىپىنىڭ ۋەكىلىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى ھەم ئەڭ ئاخىرىدا ئوكسىگېن دومنا پېچىنىڭ شامال ئېغىزىغا سېلىندى.

1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر چەكلىك شىركىتىنىڭ ئوكسىگېن دومنا پېچى ئەسلىدىكى 430 كۇب مېتىرلىق دومنا پېچ ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ياسالغان بولۇپ، ئوكسىگېن دومنا پېچى تېخنولوگىيەسىدە ساپ ئوكسىگېن ئىشلىتىش ئىسسىق شامال چىقىرىشنىڭ ئورنىنى ئالدى، بۇنى ئەنئەنىۋى دومنا پېچقا سېلىشتۇرغاندا، ئوكسىگېن دومنا پېچىنىڭ كاربون (Ⅳ) ئوكسىدى قويۇپ بېرىش مىقدارى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوكسىگېن دومنا پېچى ئازوتسىز مۇھىتتا يۇرۇشىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. لېكىن تېخنىكىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغاچقا، نۆۋەتتە ئۇنى سانائەتلەشتۈرۈپ ئەمەلىي قوللىنىش تېخى ئىزدىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا.

ئىگىلىنىشچە، 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر چەكلىك شىركىتى ساپ ئوكسىگېنلىق تاۋلاش تېخنىكىسى تەتقىقاتىنى يادرو قىلىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)